# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
# پەرمانى

**214** ـ نومۇرلۇق

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇش چارىسى» 2019 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 13ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 73 ـ قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى، ھازىر بۇنى ئېلان قىلدىم، 2020 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنسۇن.

ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر

2019 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇش چارىسى

**1 ـ ماددا** مەمۇرىي ئورگانىنىڭ مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە، مۇۋاپىق يۈرگۈزۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ قائىدىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بۇ چارە تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ چارە ئاپتونوم رايون مەمۇرىي دائىرىسى ئىچىدە، مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشتا تەدبىقلىنىدۇ.

قانۇن، قائىدە ـ نىزامدا باشقا بەلگىلەنگەنلىرى، شۇ چارە ئەمەل قىلىنىدۇ.

**3 ـ ماددا** بۇ چارىدە دېيىلگەن مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقى دېگىنىمىز، مەمۇرىي ئورگانىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئىچىدە، قانۇن، قائىدە ـ نىزام، قائىدە ھەمدە مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەردە بەلگىلەنگەن شەكىل، شەرت، دائىرە، تۈر، كۆلەم ۋە مۇددەت قاتارلىقلارغا ئاساسەن، كونكرېت ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

**4 ـ ماددا** مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە قانۇن بويىچە، مۇۋاپىق، باراۋەر، ئادىل، ئاشكارا، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

**5 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز مەمۇرىي رايونى ئىچىدىكى مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىگە قارىتا تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي تارماقلىرى

ئۆز مەمۇرىي رايون ئىچىدىكى مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك.

**6 ـ ماددا** مەمۇرىي ئورگان يەرلىك قائىدە ـ نىزام، ھۆكۈمەت قائىدىسىنى تەييارلاش ياكى مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرىنى تۈزۈشتە، مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنىڭ ئۇسۇلى، شەرتى، دائىرىسى، تۈرى، كۆلىمى ۋە مۇددىتى قاتارلىق مەمۇرىي ئۆلچەش ئامىللىرىغا قارىتا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىپ، مەمۇرىي ئۆلچەشنىڭ بوشلۇقىنى كېمەيتىش كېرەك.

**7 ـ ماددا** مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە قانۇن، قائىدە ـ نىزام ۋە قائىدىدىكى مۇناسىۋەتلىك چەتنەپ تۇرۇش، ئاشكارا بولۇش، ئۇقتۇرۇپ قويۇش، ئىسپات ئاڭلاش، مۇددەت، سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش قاتارلىق تەرتىپ بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

**8 ـ ماددا** مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە تۆۋەندىكى قائىدىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك:

(1) قانۇن چىقىرىش ياكى قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرىدە بېكىتىلگەن مەقسەتكە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك؛

(2) مەمۇرىي قارمۇقارشى كىشىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىش؛

(3) پاكىت ئامىلى ۋە قانۇنىي ئامىلنى تولۇق ئويلىشىپ، مۇناسىۋەتسىز ئامىللارنىڭ دەخلىسىنى چىقىرىپ تاشلاش؛

(4) قانۇنىي ئاساس ۋە ئوبيېكتىپ پاكىت ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا، ئوخشاش بولغان ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ قارار چىقىرىشتا، ئىلگىرىكى قانۇن بويىچە چىقىرىلغان قارارغا ئاساسەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

**9 ـ ماددا** مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنىڭ ئۆلچىمى تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، مەمۇرىي ئۆلچەم ھوقۇقىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ۋە مىقدارلاشتۇرۇپ،

مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقى قىلىپلىق يۈرگۈزۈلۈش كېرەك.

ئۆلچەش ئۆلچىمى دېگىنىمىز، مەمۇرىي ئورگاننىڭ مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، قانۇن، قائىدە ـ نىزام، مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەردىكى پرىنسىپ خاراكتېرلىك، ئابستراكت، ئېلاستىك ماددىلار ياكى ئۆلچەش كۆلىمى زىيادە چوڭ بولۇپ كەتكەن ماددىلارغا قارىتا تۈزگەن كونكرېتلاشتۇرغان، ئىنچىكىلەشتۈرگەن ۋە مىقدارلاشتۇرغان ئۆلچەمنى كۆرسىتىدۇ.

**10 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان ئۆزى يولغا قويغان نىزام، مەمۇرىي قائىدە ـ نىزام، تارماق قائىدىسى ھەمدە دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى تۈزگەن مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن يەرلىك قائىدە ـ نىزام، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈزگەن ھۆكۈمەت قائىدىسى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان تۈزگەن مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرگە قارىتىلغان مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى تەشكىللەپ تۈزۈشكە مەسئۇل ھەمدە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تەدبىقلايدۇ.

ئوبلاست (شەھەر، ۋىلايەت) دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان ئۆزى يولغا قويغان ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە رايون تەسىس قىلىنغان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن يەرلىك قائىدە ـ نىزام، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە رايون تەسىس قىلىنغان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزگەن ھۆكۈمەت قائىدىسى ھەمدە ئوبلاست (شەھەر، ۋىلايەت) دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان تۈزگەن مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرگە قارىتىلغان مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى تەشكىللەپ تۈزۈشكە مەسئۇل ھەمدە ئۆز تەۋەسىدە تەدبىقلايدۇ.

ئاپتونوم ناھىيەدىكى ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان ئۆزى يولغا قويغان ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزگەن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامغا قارىتىلغان مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى تەشكىللەپ تۈزۈشكە مەسئۇل ھەمدە شۇ ناھىيە تەۋەسىدە تەدبىقلايدۇ.

ئاپتونوم رايون بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان مەمۇرىي ئورگانغا قارىتا، مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي مەسئۇل تارمىقى تۈزۈشكە مەسئۇل

ھەمدە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تەدبىقلايدۇ.

يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان تۈزگەن مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى، مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي ئورگان بېكىتكەن ئۆلچەش ئۆلچىمى دائىرىسىدە مۇۋاپىق ئىنچىكىلەشتۈرسە بولىدۇ.

**11 ـ ماددا** مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى تۈزگەندە، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك قائىدىسى بويىچە تۈزۈش ھەمدە ئۆلچەش ئۆلچىمى ئېلان قىلىنىپ يەتتە خىزمەت كۈنى ئىچىدە تەڭ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە يوللاپ بېرىشى كېرەك.

مەمۇرىي ئورگان قانۇن، قائىدە ـ نىزام، قائىدە ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قاتارلىق ئۆزگىرىش ئامىللىرىغا ئاساسەن، مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ۋاقتىدا باھالاپ دەلىللەش، تەڭشەپ مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

**12 ـ ماددا** بۇ چارە يولغا قويۇلغاندىن ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان قانۇن، قائىدە ـ نىزام، قائىدە ۋە مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتنىڭ مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، بۇ چارە يولغا قويۇلۇپ بىر يىل ئىچىدە مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملىنىشى كېرەك.

بۇ چارە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان قانۇن، قائىدە ـ نىزام، قائىدە ۋە مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتنىڭ مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، شۇ قانۇن، قائىدە ـ نىزام، قائىدە ۋە قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتنىڭ يولغا قويۇلغان كۈنىدىن باشلاپ بىر يىل ئىچىدە مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملىنىشى كېرەك.

**13 ـ ماددا** مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى تۈزگەن مەمۇرىي ئورگان، مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان تېپىك دېلو مىسالىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشقا، مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. تېپىك دېلو مىساللىرىنى ئېلان قىلىشتا، ھۆكۈمەت ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلاشقا دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئەمەل قىلىشى كېرەك.

**14 ـ ماددا** مەمۇرىي ئىجازەتتە تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بولسا، ئۆلچەش ئۆلچىمىنى

ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇش كېرەك:

(1) مەمۇرىي ئىجازەت شەرتىگە قارىتا تاللاش خاراكتېرلىك بەلگىلىمە بولسا، مۇناسىپ كېلىدىغان كونكرېت ئەھۋالنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(2) مەمۇرىي ئىجازەت تەرتىپى ھەمدە مەمۇرىي ئىجازەتنى ئۆزگەرتىش، قايتۇرۇۋېلىش، بىكار قىلىشتا پەقەت پرىنسىپ خاراكتېرلىك بەلگىلىمە بولسا، كونكرېت تەرتىپىنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(3) مەمۇرىي ئىجازەتنى بېجىرىش ۋاقىت چېكىگە قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسا، كونكرېت ئەھۋاللاردىكى بېجىرىش چېكىنى بېكىتىش كېرەك؛

(4) مەمۇرىي ئىجازەتنى ئىلتىماس قىلىش ماتېرىيالىغا قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسا، ماتېرىيال تىزىملىكىنى ئېنىق يېزىش كېرەك؛

(5) ئىجازەت بېرىلمىگەن پەقەت پرىنسىپ خاراكتېرلىك بەلگىلىمە بولسا، ئىجازەت بېرىلمىگەن كونكرېت ئەھۋالنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(6) مەمۇرىي ئىجازەت تۈرىنى ئىلتىماس قىلىش ۋە بېجىرىش جەريانىدا مەمۇرىي ئۆلچەم ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان باشقا ئەھۋال.

**15 ـ ماددا** مەمۇرىي جازادا تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بولسا، ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇش كېرەك:

(1) ئاددىي تەرتىپ تەدبىقلاشقا قارىتا پەقەت پرىنسىپ خاراكتېرلىك بەلگىلىمە بولسا، تەدبىقلىنىدىغان كونكرېت ئەھۋالنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(2) ئوخشاش بىر قانۇنغا خىلاپ قىلمىشقا قارىتا، جازا تۈرىنى تاللاشقا بولىدىغان بولسا، جازا تۈرىنى تاللاشتىكى كونكرېت ئەھۋال ۋە تەدبىقلاش شەرتىنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(3) ئوخشاش بىر قانۇنغا خىلاپ قىلمىشقا قارىتا، جازالاش دائىرىسى بولغان بولسا، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنىڭ پاكىتى، خاراكتېرى، ئەھۋالى ھەمدە جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزۈش دەرىجىسىگە ئاساسەن، ئادەتتە ئۈچتىن ئاز بولمىغان كونكرېت ئۆلچەش دەرىجىسىگە ئايرىلىشى ھەمدە ھەر بىر دەرىجە تەرتىپىدە جازالاشنىڭ كونكرېت ئۆلچىمىنى ئېنىق كۆرسىتىش كېرەك؛

(4) جازالانمايدىغان، جازاسى يېنىكلىتىپ جازالىنىدىغان، يېنىك جازالىنىدىغان، ئېغىر جازالىنىدىغان شەرتلەرگە قارىتا، پەقەت پىرىنسىپ خاراكتېرلىك بەلگىلىمە بولسا، كونكرېت ئەھۋالنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(5) قانۇن بويىچە ئايرىم جازالىسمۇ ياكى قوشۇپ جازالىسمۇ بولىدىغان بولسا، ئايرىم جازالاش ياكى قوشۇپ جازالاشتىكى كونكرېت ئەھۋالنى ۋە تەدبىقلاش شەرتىنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(6) مەمۇرىي جازانى يولغا قويۇش جەريانىدا، مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان باشقا ئەھۋال.

**16 ـ ماددا** مەمۇرىي بېكىتىشتە تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بولسا، ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇش كېرەك:

(1) مەمۇرىي بېكىتىشنىڭ شەرتى، تەرتىپىگە قارىتا پەقەت پىرىنسىپ خاراكتېرلىك بەلگىلىمە بولسا، كونكرېت شەرت ۋە تەرتىپنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(2) مەمۇرىي بېكىتىشنى ئىلتىماس قىلىشتا تاپشۇرىدىغان زۆرۈر ماتېرىياللاردا ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسا، تاپشۇرۇلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(3) مەمۇرىي بېكىتىشتە بېجىرىش مۇددىتىدە ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسا، كونكرېت ئەھۋاللاردىكى بېجىرىش مۇددىتىنى بېكىتىش كېرەك؛

(4) مەمۇرىي بېكىتىشنى يولغا قويۇش جەريانىدا، مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان باشقا ئەھۋال.

**17 ـ ماددا** مەمۇرىي بېرىشتە تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بولسا، ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇش كېرەك:

(1) مەمۇرىي بېرىشنىڭ شەرتى، تەرتىپىگە قارىتا پەقەت پىرىنسىپ خاراكتېرلىك بەلگىلىمە بولسا، بېرىشنىڭ كونكرېت شەرتى ۋە تەرتىپىنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(2) مەمۇرىي بېرىش سوممىسىدا بەلگىلىك دائىرە بولسا، مەمۇرىي بېرىش سوممىسىنىڭ كونكرېت ئۆلچىمىنى بېكىتىش كېرەك؛

(3) مەمۇرىي بېرىشنى بېجىرىش مۇددىتىدە ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسا، كونكرېت ئەھۋاللاردىكى بېجىرىش مۇددىتىنى بېكىتىش كېرەك؛

(4) مەمۇرىي بېرىشنى يولغا قويۇش جەريانىدا، مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان باشقا ئەھۋال.

**18 ـ ماددا** مەمۇرىي كېسىمدە تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بولسا، ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇش كېرەك:

(1) مەمۇرىي كېسىمدە دېلو تۇرغۇزۇش، ئۇقتۇرۇش قىلىش، ئېتىراز بىلدۈرۈش، تەكشۈرۈش، قارار چىقىرىش، ئىجرا قىلىش قاتارلىق تەرتىپلەرگە قارىتا پەقەت پىرىنسىپ خاراكتېرلىك بەلگىلىمە بولسا، كونكرېت تەرتىپنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(2) مەمۇرىي كېسىمگە قارىتا پەقەت پىرىنسىپ خاراكتېرلىك بەلگىلىمە بولسا، ئۆلچەمگە مۇناسىپ كېلىدىغان كونكرېت ئەھۋالنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(3) مەمۇرىي كېسىمنى بېجىرىش مۇددىتىگە قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسا، كونكرېت ئەھۋالنىڭ بېجىرىش مۇددىتىنى بېكىتىش كېرەك؛

(4) مەمۇرىي كېسىمنى يولغا قويۇش جەريانىدا، مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان باشقا ئەھۋال.

**19 ـ ماددا** مەمۇرىي ئېلىشتا تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بولسا، ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇش كېرەك:

(1) مەمۇرىي ئېلىش سوممىسىدا بەلگىلىك دائىرە بولسا، تۈرلۈك دائىرە تەدبىقلىنىشىنىڭ كونكرېت ئەھۋالنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(2) مەمۇرىي ئېلىش سوممىسىنىڭ ھېسابلاش ئۇسۇللىرىنى تاللاشقا بولىدىغان بولسا، تۈرلۈك ئېلىش سوممىسىنىڭ ھېسابلاش ئۇسۇللىرى تەدبىقلىنىدىغان كونكرېت ئەھۋالنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(3) مەمۇرىي ئېلىشتا ئازايتىلىدىغان، كەچۈرۈۋېتىلىدىغان شەرتلەرگە قارىتا پەقەت پىرىنسىپ خاراكتېرلىك بەلگىلىمە بولسا، ئېلىشنى ئازايتىش، كەچۈرۈۋېتىشتىكى كونكرېت شەرتلەرنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(4) مەمۇرىي ئېلىشتىكى ئازايتىلغان سوممىدا بەلگىلىك دائىرە بولسا، تۈرلۈك دائىرە تەدبىقلىنىشىنىڭ كونكرېت ئەھۋالنى كۆرسىتىش كېرەك؛

(5) مەمۇرىي ئېلىشنى يولغا قويۇش جەريانىدا، مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان باشقا ئەھۋال.

**20 ـ ماددا** مەمۇرىي مەجبۇرلاشنى يولغا قويۇشتا، قانۇندا بېكىتىلگەن ھوقۇق چېكى، دائىرە، شەرت ۋە تەرتىپكە ئاساسەن، تەربىيە قىلىش بىلەن مەجبۇرلاشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئوبيېكتىپ، مۇۋاپىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەجبۇرلاش ۋاسىتىسى قوللانماي تۇرۇپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىرىدا، مەمۇرىي مەجبۇرلاشنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

مەمۇرىي مەجبۇرلاشنىڭ تۈرى، تەرتىپى ۋە ۋاقىت چېكىدە ئۆلچەش بوشلۇقى مەۋجۇت بولغانلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇش كېرەك.

**21 ـ ماددا** باشقا كونكرېت مەمۇرىي قىلمىشلاردا مەمۇرىي ئۆلچەش بوشلۇقى بولغانلىرىنى قىلمىش تۈرىگە ئاساسەن، ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇش كېرەك.

**22 ـ ماددا** مەمۇرىي ئورگان ئىچكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشى، ئۆز ئورنى، بىر دەرىجە تۆۋەن مەمۇرىي ئورگاننىڭ مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشى كېرەك؛ مۇشۇ چارىدىكى تەلەپ بويىچە مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنى تۈزمىگەنلەر، ئېلان قىلمىغانلار ياكى باشقا بۇ چارىگە خىلاپ قىلغانلار بايقالسا ۋاقتىدا، ئاكتىپ تۈزىتىش كېرەك؛ ئۆزى تۈزەتمىگەنلىرىنى، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى تۈزىتىدۇ ياكى تۈزىتىش قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ، تۈزىتىشنى رەت قىلغانلار ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەنقىد قىلىنىدۇ.

**23 ـ ماددا** مەمۇرىي ئورگان ئۆلچەش ئۆلچىمىنى تۈزۈش، ئۆلچەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، مەمۇرىي تەپتىش، ئەدلىيە، ئاممىۋى پىكىر ۋە جەمئىيەتنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى ھەمدە نازارەت قىلىش پىكرىنى قانۇن بويىچە، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. يۇقىرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلات مەمۇرىي ئۆلچەش ئۆلچىمىنىڭ تەسىس قىلىنىشى مۇۋاپىق بولمىغان دەپ قارىغانلىرىنى، تۈزۈش ئورگانىغا يازما تەكلىپ ـ پىكىر بەرسە بولىدۇ.

**24 ـ ماددا** قانۇن، قائىدە ـ نىزامدا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات ۋە قانۇن بويىچە ھاۋالىنى قوبۇل قىلغان تەشكىلات مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، مۇشۇ چارىدىكى مەمۇرىي ئورگانغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە تەدبىقلىنىدۇ.

مەركەزنىڭ ئاپتونوم رايوندا تۇرۇشلۇق مەمۇرىي ئورگىنى مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە، مۇشۇ چارە بويىچە ئىجرا قىلسا بولىدۇ.

**25 ـ ماددا** بۇ چارە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن تۆۋەن مەمۇرىي ئورگان، مۇشۇ چارە يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان ئاپتونوم رايوننىڭ قائىدىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان قانۇن، قائىدە ـ نىزامغا چېتىشلىق بولغان، ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مىقدارلاشتۇرۇشقا تۇغرا كېلىدىغان ئۆلچەش ئۆلچىمىنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

**26 ـ ماددا** قانۇن، قائىدە ـ نىزام ۋە قائىدىلەردە، مەمۇرىي ئۆلچەش ھوقۇقىغا قارىتا بەلگىلىمە بولغانلىرى شۇ بەلگىلىمە ئەمەل قىلىنىدۇ.

**27 ـ ماددا** بۇ چارە 2020 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.